


# www.UyghurMuqam.com

## ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ گۈلتاجى، جەۋھىرى – ئۇيغۇر 12 مۇقامى

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!!!

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى — پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، ئەمگەكچان - ئىجادچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكا تىلى بىلەن بايان قىلىدىغان بەدىئىي قامۇستۇر. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە گۈزەل مەنىۋىيىتى، ئىستەك خاھىشلىرى، تارىخي رېئاللىق ۋە تۇرمۇش مۇھىتىدىن كېلىپ چىققان مۇھەببەت - نەپرەتلىرى ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ مۇزىكا، بەدىئىي، ئەدەبىيات ۋە ئۇسسۇل قاتارلىق خىلمۇ - خىل شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مۇنداق مۇزىكا ئەسىرى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدە ئەسەر بولغاچقا «شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى مۆجىزە» دەپ تەرىپلەنمەكتە.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئارقا كۆرۈنۈشىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر. مۇقاملار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخي دەۋرلىرى بىلەن ھەمقەدەمدۇر. مۇقاملار كۆپلىگەن ماكان ۋە بىرقانچە زاماندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرغۇنلىغان بەستىكارلىرى، ناخشىچىلىرى ۋە چالغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان خەلق مۇزىكىسىدۇر.

بۇ قېتىم ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىپ قايتا رەتلەنگەن، تولۇقلانغان، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن ئون ئىككى مۇقام 360 ئاھاڭ، 3435 مىسرادىن تەركىب تاپقان ھەمدە ئۇ يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داستانلىرىنىڭ پارچىلىرى ۋە خەلق قوشاق - بېيىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.


ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي
چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرىدىن
ئەسلى يېزىلىشى بىلەن
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى
مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ



**ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرەك دۇردانىلىرى ئىنزىقى؛ مۇقام تېكىستلىرىنى دەسلەپ كىتابقا پۈتكەن چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى.**

**- ئاپتور.**

ئاپتور ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي 1950- يىل 11- ئاينىڭ 1- كۈنى قەشقەر شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1975- يىلىدىن باشلاپ، بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئىشلەپ كەلمەكتە. ھازىر ئۇ مەزكۇر مەكتەپتىكى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور. قولىڭىزدىكى بۇ كىتابتىن باشقا، ئۇنىڭ يەنە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە تەتقىقات، ئىجادىيەت ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمي ماقالىلەر» (1993- يىل)، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان» (2004- يىل)، «ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگىيىسى» (1995- يىل)، «كور خېرىدار» (1989 - يىل)، «ئۇيغۇردىكى ئەبگالىق» (1997- يىل)، «‹مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين› دىن ‹مەئارىفۇل لۇغتەين›غىچە» (2002- يىل)، «ھەق ۋە ھوقۇق مەرىپىتى ئۇيغۇر مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇل تېشى» (2004- يىل)، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز ئۆلچىمىنى بېكىتىش ھەققىدە» (2005- يىل)، «بەيتۇللاھنىڭ تارىخى» (1993- يىل)، «ئەممە پارە تەپسىرى» (2003- يىل) قاتارلىقلار بار.

# 5- پەنجگاھ مۇقامى

## چوڭ نەغمە

## مۇقەددىمە

جۇنۇن دەشتىدە بىزنى بىر گۈرۈھ ئاۋارەلەر دەرلەر،
مۇغىيلان خار - خاردىن ئاياغى يارەلەر دەرلەر.
يېشىمى: كىشىلەر بىزنى «يانتاق تىكەنلىرىدىن ئايىغى يارىلانغان، جۇنۇن (مەجنۇنلۇق، ساراڭلىق) چۆلىدە يۈرىدىغان بىر توپ سەرگەردانلار» دەيدۇ.

بەلا ياغسا باشىمىزغا دەم ئالماي دەۋرى گەردۇندىن،
زىرا بەرگەن قەزاغا ئاشىقى بىچارەلەر دەرلەر.
يېشىمى: ئايلانغۇچى پەلەكتىن بېشىمىزغا توختىماي بالايىئاپەت ياغسا: «قازاغا رازىلىق بەرگەن (تەقدىرگە بويۇن سۇنغان) بىچارە ئاشىقلار» دەيدۇ.

كۆرۈپ مەيخانە ئىشكىدە غەزەلخانۇ گىرىبان چاك،
مۇغاننىڭ قىزىغە ئاشىق ياقا سەد پارەلەر دەرلەر.
يېشىمى: مەيخانە ئىشىكى ئالدىدا، ياقىلىرىمىز يىرتىلغان ھالدا غەزەل ئوقۇۋاتقانلىقىمىزنى كۆرگەنلەر: «مەيپۇرۇشنىڭ قىزىغا ئاشىق بولغان يىرتىق ياقىلار (ۋەيرانىلار)» دەيدۇ.

فەتىلە ساچلارىمىزنى، كۆرۈبان قاشلارىمىزنى،
قارا گۆن باشىدا بىر نەچە بەختى قەرەلەر دەرلەر.
يېشىمى: چىگىشلەشكەن چاچلىرىمىزنى، كىرلەشكەن قاشلىرىمىزنى كۆرگەنلەر بىزنى «بېشىغا قارا كۈن چۈشكەن بىر نەچچە بەختى قارالار» دەيدۇ.

سەرۋ سامانىمىزنى سورماغىل بىز بىنەۋالارنىڭ،
فەلەك گەردىشلەرىدىن گۈنلەرى دۈشۋارەلەر دەرلەر.
يېشىمى: بىز بىچارىلەرنىڭ ھال - كۈنىمىزنى سورىمايلا قوي، بىزنى «پەلەكنىڭ تەتۈرلىكىدىن كۈنى دىشۋارچىلىقتا قالغانلار» دەيدۇ.

سارىغ چېھرە بىلەن كاھى يۈزۈمگە گەر باقىپ ھەم دەم،
كى گۈلرۈخلار فىراقىندا خەزان رۇخسارەلەر دەرلەر.

يېشىمى: ساماندەك سېرىق يۈزۈمگە بىر قاراپلا: «گۈلىيۈزلۈكلەرنىڭ پىراقىدا چىرايى سارغايغانلاردىن ئىكەن» دەيدۇ.

قاچانكىم ئاقبۇرۇت ئابىد قاشىغا بارغۇمىز، بىزنى-

قارا قاشلار قاشىدا دەر - بەدەر ئاۋارەلەر دەرلەر.

يېشىمى: قاچانكى ئاقبۇرۇت موللامنىڭ قېشىغا بىرىپ قالساق، بىزنى «قارا قاشلار كويىدا ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرگەن سەرگەردانلار» دەيدۇ.

كۆرۈپ ئەئزايىمىزنى زەخملىك ئەھلى تەمەشا كىم،

پەرىلەر كويىدا ئاۋارەئى سەنگسارەلەر دەرلەر.

يېشىمى: زەخملىك ئەزايىبەدىنىمىزنى كۆرگەن تاماشىچىلار، بىزنى «پەرىلەر كوچىسىدا چالما - كېسەك قىلىنغان سەرگەردانلار» دەيدۇ.

گەر ئىھسان قىلماسا دەرۋىشلەرگە ئەھلى نىئمەتلەر،

گەۋھەر خىرمەنلەرنى تۈدەئى سەنگخارەرلەر دەرلەر.

يېشىمى: ئەگەر نېمەت ئىگىلىرى دەرۋىشلەرگە خەير - ساخاۋەت قىلمىسا، ئۇلارنىڭ گۆھەردىن دۆۋىلەنگەن خامانلىرىنى «تاش دۆۋىسى» دەپ ھېسابلىسا بولىدۇ.

باشىمىزدا كۆرۈپ نەشئە، قولىمىزدا كۆرۈپ ساغەر،

قۇتۇلغان يۈز جەھان غەمدىن نەچە مەيخارەلەر دەرلەر.

يېشىمى: رۇخسارىمىزدىكى خۇش كەيپىنى، قولىمىزدىكى قەدەھنى كۆرگەنلەر بىزنى «يۈز جاھانلىق غەمدىن قۇتۇلغان مەيخورلار» دەيدۇ.

ئەرۇر مەشھۇرىي ئانداغ قەۋمدىن زەخمەلەرىن كۆرگەچ،

زەمانە تاشلارىدىن نەچە كۆكسى پارەلەر دەرلەر.

يېشىمى: مەشھۇرىي شۇنداق قەۋمدىنكى، ئۇنىڭ جاراھەتلىرىنى كۆرگەنلەر «بۇ كىشى زامان تاشلىرى زەربىسىدىن باغرى پارە - پارە بولغانلاردىن ئىكەن» دەيدۇ.

## تەئەززە

سۇبھى دەمدە ئاچتى خەممارى ئىشىك مەيخانەغە،

بۇق - بۇق ئاۋازى سۇراھى جان بەرۇر مەستانەغە.

يېشىمى: بىر مەيپۇرۇش تاڭ پەيتىدە، مەيخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئىدىشتىن تۆكۈلگەن مەينىڭ بۇقۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان مەستانىلەرگە قان كىردى.

مەن يىراقدىن بەزمەغە كەلدىمكى ئاخىرراقدا،

ساقىيا، قوپ، مەينى پۇر ئەيلەكى بۇ پەيمانەغە.

يېشىمى: مەن بەزمىگە يىراقتىن ئەڭ ئاخىرىدا كەلدىم. ئەي ساقىي، قوپ، بۇ قەدەھكە مەينى لىق تولدۇرغىن.

مەجنۇن ئولدۇم لەيلىنىڭ ئىشقىدا بۇ ئالەم ئارا،

ئاقىلا، قىلما نەسىھەت مەن كەبى دىيۋانەغە.

يېشىمى: ئەق ئاقىل، مەندەك سەۋدايىغا كۆپ نەسىھەت قىلمان. مەن مۇشۇ زاماندا، لەيلى ئىشقىدا ئۆزتەنگەن مەجنۇننىڭ دەل ئۆزى بولدۇم.

چەۋرۇلۇپ شەمئى جەمالى مەئشۇقىغا ئاشىقى،

ئىشقىدە كۆيمەكنىكىم ئۆرگەتتى بۇ پەرۋانەغە.

يېشىمى: بىر ئاشىق، مەشۇقى جامالىنىڭ چىراغى ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرۈپ، ئىشق ئوتىدا كۆيۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پەرۋانىغا ئۆگەتتى.

سىينە زەنگارىنى تەقۋا سەيقەلىدەك پاك قىل،

پاكلىق بىرلە قارا ئايىنەدە جانانەغە.

يېشىمى: دىل كىرىنى (دېتىنى) تەقۋالىق ئېكىكىنى سۈرۈپ پاكلا - دە، جانانغا پاكلىق ئەينىكى بىلەن قارا.

توقدۇرۇر دۇشنام سەييادى ئەزەلكى جانىمە،

كەلدىلەر مۇرغى ھەۋا ئالەمغە بەھرى دانەغە.

يېشىمى: ئەگەر ھەۋەس قۇشى بۇ دۇنيا دانلىرىدىن بەھرە ئېلىش ئۈچۈن كەلمىگەن بولسا ئىدى، ئەزەل ئوۋچىسى جېنىمغا دەشنام بەرمىگەن بولاتتى.

تەۋبە قىل زۇھدى رىيائىيغا بۇرۇنراق، ھافىزا،

بەسكى ئاچماسدا ئىشكىنى بۇ كەچە مەيخانەغە.

يېشىمى: ئەي ھافىز، بۇ كېچە مەيخانا ئىشىكى ئېچىلىشتىن بۇرۇنراق ئۆزۈڭنىڭ ساختا تەقۋادارلىقىڭغا توۋا قىلغۇل.

## تەئەززە چۇشۇرگىسى

تەۋبە قىل زۇھدى رىيائىيغا بۇرۇنراق، ھافىزا،

بەسكى ئاچماسدا ئىشكىنى بۇ كەچە مەيخانەغە.

يېشىمى: ئەي ھافىز، بۇ كېچە مەيخانا ئىشىكى ئېچىلىشتىن بۇرۇنراق ئۆزۈڭنىڭ ساختا تەقۋادارلىقىڭغا توۋا قىلغۇل.

## بىرىنچى نۇسخە

ئۆلگۈچە بەندەڭ بولاي، ئەي شاھى خۇبانىم ساڭا،
تا تىرىكدۇرمەن فىدا ئەيلەي تەنۇ جانىم ساڭا.

يېشىمى: ئەي گۈزەللەر شاھى دىلبىرىم، ئۆلگىچە قۇلۇڭ بولاي. تىرىكلا بولىدىكەنمەن، جان - تېنىمنى ساڭا پىدا قىلاي.

ئەي نىگارا، كاشكى كۆرسەم جەمالىڭ ئەكسىنى،
كۆيدۇمۇ فانۇسدەك شەمئى سەبىستانىم ساڭا.

يېشىمى: ئەي نىگار، سەن قاراڭغۇ كېچەمنى يورۇتقۇچى شامسەن، مەن ئىشقىڭدا كۆيۈۋاتقان پانۇسمەن؛ ھېچ بولمىسا، جامالىڭنىڭ شولىسىنى بولسىمۇ كۆرسەمچۇ.

رەھىم قىلغىل مەن يەتىم بىچارەگە، ئەي نازەنىن،
ھەسرەتىڭدە زەئفەراندەك بولدى رۇخسارىم ماڭا.

يېشىمى: ئەي نازىنىن، ھەسرىتىڭدە چىرايىم زەپىراندەك سارغايدى، مەن يېتىم بىچارىگە رەھىم قىلغىن.

مۇنچە كۆيدۈرمەك بەدۇركىم ئاشىقى بىچارەنى،
كىممۇ ئايتغاي ئەرزى ئەھالىمنى جانانىم، ساڭا.

يېشىمى: ئەي جانانىم، بىر بىچارە ئاشىقنى مۇنچىۋالا كۆيدۈرگىنىڭ نېسىمى؟ مېنىڭ بۇ ئەھۋالىمنىڭ بايانىنى ساڭا كىممۇ يەتكۈزەر؟

دىلبەرا، سەندى زامان ئايرىلماقىم دۇشۋاردۇر،
تا قىيامەت يىغلاسام يەتكەيمۇ ئەفغانىم ساڭا.

يېشىمى: ئەي دىلبەر، سەندىن بىردەم ئايرىلىشمۇ ماڭا بەسى مۇشكۈل؛ تاكى قىيامەتكىچە يىغلىسا، ئاندىن مېنىڭ نالە - پىغانلىرىم ساڭا يېتەرمۇ؟

كەچە - گۈندۈز يارنىڭ كويىدا ئىچتىم بادائى،
زاھىدا مەنئ ئەتمەگىلكىم باغۇ بوستانىم ساڭا.

يېشىمى: يارنىڭ كوچىسىدا كېچە - كۈندۈز مەي ئىچتىم. ئەي زاھىت، باغ - بوستانىمنى ساڭا بېرەي، مېنى توسمىغىن.

يارنىڭ ۋەسلى جەمالىنى تىلەيدۇر نەۋبەتىي،
رەھىم قىل، يا رەب، قەبۇل بولغايكى ئىمانىم ساڭا.

يېشىمى: نەۋبەتىي يار جامالىنى كۆرۈشنى تىلەيدۇ. ئەي پەرۋەردىگار، رەھىم قىلغىن، ئىمانىم دەرگاھىڭدا قوبۇل بولسۇن.

## بىرىنچى نۇسخە چۇشۇرگىسى

يارنىڭ ۋەسلى جەمالىنى تىلەيدۇر نەۋبەتىي،
رەھىم قىل، يا رەب، قەبۇل بولغايكى ئىمانىم ساڭا.

يېشىمى: نەۋبەتىي يار جامالىنى كۆرۈشنى تىلەيدۇ. ئەي پەرۋەردىگار، رەھىم قىلغىن، ئىمانىم دەرگاھىڭدا قوبۇل بولسۇن.

## ئىككىنچى نۇسخە

گۇل ياقا چاك ئەيلەدى، رۇخسارى ئالىڭنى كۆرۈپ،
سەرۋى ئەرئەر تىترەدى، نازۇك نىھالىڭنى كۆرۈپ.

يېشىمى: گۇل ھال رەڭ يۈزۈڭنى كۆرۈپ ياقىسىنى يىرتتى، تاغ سەرۋىسى نازۇك بويۇڭنى كۆرۈپ تىترەپ كەتتى.

ياڭى ئاي قان يىغلادى، ئەرمەس شەفەق چەرخ ئۈزرە كىم،
قامەتىن خەم ئەيلەبان، مۇشكىن ھىلالىڭنى كۆرۈپ.

يېشىمى: يېڭى چىققان ئاي سېنىڭ ئىپار ھىدلىق ئەگىم قاشلىرىڭنى كۆرۈپ، قامىتىنى ئېگىپ قان يىغلىدىكى، كۆكتىكى شەپەق ئەمەس، ئۇ قاندۇر.

سەير ئەتىپ كۆڭلۈم قۇشى باغلاندى زۇلفۇڭ دامىغا،
دانە تەڭلىغكىم لەبىڭ ئۈستىدە خالىڭنى كۆرۈپ.

يېشىمى: كۆڭلۈم قۇشى لېۋىڭ ئۈستىدىكى دان كەبى خالىڭنى كۆرۈپ ئۇچۇپ كەلدى - دە، چېچىڭنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالدى.

خىزىر سۇيى بىرلە ئىيسا باشۇنۇپ بولدى خەجىل،
ئائىلىڭ ئىچرە ناگەھان شىرىن زۇلالىڭنى كۆرۈپ.

يېشىمى: ياقۇتتەك لەۋلىرىڭ ئىچىدىكى لەززەتلىك سۇنى كۆرۈش بىلەنلا، ھاياتلىق بەخش ئۈتكۈچى ئىيسامۇ، خىزىر سۇيى ئابىھاياتمۇ خىجىل بولۇپ يوشۇرۇنۇۋالدى.

بىر نەفەس جان تۇرماسۇن تەندە، سەنى گەر كۆرمەسەم،
خىزرى ئۆمرىدۇر ماڭا ئۆلسەم جەمالىڭنى كۆرۈپ.

يېشىمى: ئەگەر سېنى كۆپمەيدىغان ئىش بولسا، جېنىم تېنىمدە بىر تەپەسمۇ تۇرمىسۇن. سېنى كۆرۈپ ئۆلگىنىم مېنىڭ خىزىر ئۆمرىنى كۆرگىنىمدۇر.

جەننەتۇل فىردەۋس ئارا سەن بولماساڭ، ئەي مەھجەبىن،
تاڭ ئەمەسدۇر كەچسەم ئاندىن چۈن ۋىسالىڭنى كۆرۈپ.
يېشىمى: ئەي ئاي يۈزلۈكۈم، ئەگەر جەننەت بېغىدا سەن بولمىساڭ، ۋىسالىڭغا يېتىش ئۈچۈن، جەننەتتىن ۋاز كەچسەم ئەجەب ئەمەس.

ئەي كۆڭۈل، كويىدا بولدۇڭ نەچە يىلدىن ناتەۋان،
رەھمىسى كەلمەسمۇ بىر، ئازۇردە ھالىڭنى كۆرۈپ.
يېشىمى: ئەي كۆڭۈل، ئۇنىڭ كوچىسىدا نەچچە يىلدىن بېرى ناتىۋان بولۇپ ياتتىڭ، بۇ ئازاپلىق ھالىڭنى كۆرگىنىدە، ئۇنىڭ بىر رەھمىسى كەلمەسمۇ؟

ئەھلى دۇنيانىڭ ئىپەك تونىنى قىلما ئارزۇ،
ئەي فەقىر، شۇكر ئەت، چۇبۇلغان ئەسكى شالىڭنى كۆرۈپ.
يېشىمى: ئەي يوقسۇل، كىيىمىڭ يىرتىق بولسىمۇ، شۇكۇر قىل، دۇنيا ئەھلىنىڭ يىپەك تونىنى ئارزۇلاپ كەتمە.

مەھزۇنا، مەي ئىستەسەڭ سىندۇر كۆڭۈلنى، بول گەدا،
دەير پىيرى مەي بەرۇر، سۇنغان سوفالىڭنى كۆرۈپ.
يېشىمى: ئەي مەھزۇن، مەي ئىزلىسەڭ، كۆڭلۈڭنى ئۆلتۈرۈپ قەلەندەر بول؛ مەيخانا ساھىبى سېنىڭ سۇنغان ساپال قاچاڭنى كۆرۈپ، مەي بېرىدۇ.

## ئىككىنچى نۇسخە چۇشۇرگىسى

مەھزۇنا، مەي ئىستەسەڭ سىندۇر كۆڭۈلنى، بول گەدا،
دەير پىيرى مەي بەرۇر، سۇنغان سوفالىڭنى كۆرۈپ.
يېشىمى: ئەي مەھزۇن، مەي ئىزلىسەڭ، كۆڭلۈڭنى ئۆلتۈرۈپ قەلەندەر بول؛ مەيخانا ساھىبى سېنىڭ سۇنغان ساپال قاچاڭنى كۆرۈپ، مەي بېرىدۇ.

## مۇستەھزاد

ئارەزىڭنى باغ ئارا چۈن كۆردى، ھەيران بولدى گۈل،
بەگىسىز قىلدى نەدىنكىم، بەس، پەرىشان بولدى گۈل.
يېشىمى: باغدىكى گۈل جامالىڭنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. پەرىشان بولغانلىقىدىن ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ كەتتى.

بادەدىن گۈل گۈل كۆرۈپ ئول يۈزنى، ئانىڭ ھەجرىدىن،

چاك - چاك ئولغان كۆڭۈلدەك تەھ - بەتەھ قان بولدى گۈل.

يېشمى: گۈل، مەينىڭ تەسرىدىن گۈلدەك قىزارغان يۈزنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پىراقىدا، تىلىنغان يۈرەكتەك قاتمۇ - قات قانغا ئايلاندى.

گۈلئۇزارىم كىشۋەرى ھۆسن ئىچرى بولدى پادىشاھ،
راست ئانداغكىم چەمەن مۈلكىدە سۇلتان بولدى گۈل.

يېشمى: خۇددى گۈل چىمەنلىك پادىشاھلىقىدا سۇلتان بولغىنىدەك، گۈل يۈزلۈكۈم ھۆسن - جامال مەملىكىتىدە پادىشاھ بولدى.

سەير باغ ئەيلەردە دەرۋان چەشمى زەخمى دەفئىغە،
ھەر تەرەفدىن چابۇكۇم دەۋرىدە قالغان بولدى گۈل.

يېشمى: گۈزىلىم باغنى سەيلە قىلغاندا، دەۋرىنىڭ كۆز تېگىپ قالمىسۇن دەپ، گۈللەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ قالغان بولدى.

لەئلى كامىمدۇر قاشىغا كەلسە ئول گۈل خىرمەنى،
مەي تىلەر كۆڭلۈم چۇ بەزمىدە فەراۋان بولدى گۈل.

يېشمى: ئۇ گۈلزارىم قېشىمغا كەلسە، ياقۇت لېۋىدىن خۇددى مەيگە تەشنا كۆڭلۈم بەزمىدە مەيە قانغاندەك قېنىپ بەھرىمەن بولسام دەيمەن.

كەچە - كۈندۈز قىلما گۈلبانگىڭنى، بەس، ئەي ئەندەلىب،
كىم ساڭا بەش كۈن بۇ گۈلشەن ئىچرە مېھمان بولدى گۈل.

يېشمى: ئەي بۇلبۇل، كېچەك - كۈندۈز سايراۋەرمە، ئەمدى بولدى قىل، چۈنكى بۇ گۈلشەندىكى گۈللەر ساڭا بەش كۈنلۈك مېھماندۇر.

گۈل چاغى يارى سەفەر ئەيلەپ، نەۋائىي جانىغا،
ھەر بىرى بىر تازە قانلىغ داغى ھىجران بولدى گۈل.

يېشمى: گۈل پەسلىدە يارى سەپەرگە كەتتى - دە، جۇدالىق نەۋائىينىڭ جېنىغا يېڭىدىن گۈلدەك قانلىق داغلارنى سالدى.

## جۇلا

خىلئەتى جانغا مۇنەققەش ئولدى جانان سۇرەتى،
بولدى جانان سۇرەتى بۇ جىسم ئارا جان سۇرەتى.

يېشمى: جانانىنىڭ سۈرىتى ۋۇجۇدۇمغا نەقىشلەندى، بەلكى ئۇ جىسمىمغا جان بولدى.

جاننى جانانغا نىسار ئەتتىم، پەرىمۇ، ھۇرمۇ،

قالمادى، ئەي دوستلاركىم، مەندىن ئىنسان سۈرەتى.

يېشىمى: ئۇ جانان مەيلى پەرى بولسۇن ياكى ھۆر بولسۇن، مەن جېنىمنى ئۇنىڭغا بېغىشلىۋەتتىم. ئەي دوستلار، ئەمدى مەندە ئىنسان سىياقى قالمىدى.

ئىزدەبان كەزدىم جەھاننى تاپمادىم سالىپ سوراغ،

زارنى سەرگەشتە ئەيلەپ قىلدى ھەيران سۈرەتى.

يېشىمى: ئىزدەپ سوراپ، جاھاننى كېزىپمۇ ئۇنى تاپالمىدىم. ئۇنىڭ سىماسى مەن بىچارىنى ھەيران ۋە سەرگەردان قىلىۋەتتى.

ئوتغا تۈشكەن قىل كەبى جانىمنى ئەتتى پىچ - پىچ،

ھەلقە - ھەلقە ئەيلەدى زۇلفى پەرىشان سۈرەتى.

يېشىمى: ھالقا - ھالقا بۇدۇر چاچلىرى يېيىلىپ تۇرغان سىماسى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ، جېنىمنى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك پۈچىلىۋەتتى.

خەنجەررى ھىجران ھۇجۇمى ئەيلەدى باغرىمنى چاك،

بىر قىيا باقماق بىلە ئول غۇنچە خەندان سۈرەتى.

يېشىمى: قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىغا ئوخشايدىغان ئۇ گۈزەل يار قىياغىنا بىر باققانىدى، جۇدالىق خەنجىرى ھۇجۇم قىلىپ، باغرىمنى تىلىۋەتتى.

تىيرە كۆڭلۈمنى مۇنەۋۋەر ئەيلەسە، يوقدۇر ئەجەب،

ەنيىيرى ئەئزەم بولۇپ خۇرشىدى رەخشان سۈرەتى.

يېشىمى: ئۇنىڭ تاۋلىنىپ تۇرغان قۇياشتەك گۈزەل نۇرلۇق سىماسى قاراڭغۇ دىلىمنى «لاپپىدە» يورۇتىۋەتسە، ئەجەب ئەمەس.

تەلبە راي ئەتتى كۆڭۈل يادى بىەل مەجنۇن كەبى،

ئەيلەدى ئالەم ئەلىدىن بىزنى پىنھان سۈرەتى.

يېشىمى: ئۇنىڭ خىيالى مېنى مەجنۇندەك تەلۋىگە ئايلاندۇرۇپ، ھەممە خەلقتىن ئايرىۋەتتى.

رەھىم ئەتىپ مەن تەلبەگە قىلسا ئۆزىنى ئاشكار،

زاھىر ئولغاي ئول پەرىدىن لۇتفۇ ئىھسان سۈرەتى.

يېشىمى: رەھىم قىلىپ، مەن تەلۋىگە جامالىنى بىر كۆرسەتسە، شۇنداقلا ئۇ پەرىدىن مەرھەمەت ۋە ئېھسانىنىڭ سۈرىتى نامايان بولغان بولىدۇ.

ئۆلگۈنچە قىلسام تەلەب ۋەسلى مۇيەسسەرمۇ ئىكەن،

ئەسلىنى تاپماق بەسى مۇشكىلكى ئاسان سۈرەتى.

يېشىمى: ئاخىرقى ئۆمرۈمگىچە تىرىشسام ۋەسلىگە يېتەلىشىم مۇمكىنمىكىن. ئۇنىڭ سىماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش ئاسان، لېكىن ئۆزىنى تېپىش ناھايىتى مۇشكۈل.

دانە - دانە ئەيلەسەم ئەشكىمنى چۈن ئەبرى بەھار،
كۆزدىن ئاقغان سۇ بولادۇر لەئلى رۇممان سۇرەتى.
يېشىمى: كۆزۈمدىن خۇددى باھار بۇلۇتىدىن يامغۇر قويۇلغاندەك تۆكۈلگەن تارام - تارام ياش تامچىلىرى ئانارنىڭ دانىلىرىغا ئوخشاش قىزىل چۈشىدۇ.

ئايتىپ - ئايتىپ يىغلاساڭ، مەسئۇد، يوقدۇر ھەمدەمىڭ،
بىدەۋا دەردىڭغە بولماي سىھھەت ئىمكان سۇرەتى.
يېشىمى: ئەي مەسئۇد، قانچە قاخشاپ يىغلىغىنىڭ بىلەن يېنىڭدا ھەمنەپەس ئۇلپىتىڭ بولمىسا، بۇ ساقايماس دەردىڭنى داۋالاشنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ بولمايدۇ.

## خۇلا چۇشۇرگىسى

ئايتىپ - ئايتىپ يىغلاساڭ، مەسئۇد، يوقدۇر ھەمدەمىڭ،
بىدەۋا دەردىڭغە بولماي سىھھەت ئىمكان سۇرەتى.
يېشىمى: ئەي مەسئۇد، قانچە قاخشاپ يىغلىغىنىڭ بىلەن يېنىڭدا ھەمنەپەس ئۇلپىتىڭ بولمىسا، بۇ ساقايماس دەردىڭنى داۋالاشنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ بولمايدۇ.

## سەنەم

ئەگىز - ئەگىز تاغ باشىدا چىراق كۆيەدۇر،
چىراق ئەمەس يارنىڭ ئوتى يۈرەك كۆيەدۇر.
يېشىمى: ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىدا چىراغ كۆيۋاتىدۇ، ياق، چىراغ ئەمەس، يارنىڭ ئوتى بىلەن تولغان يۈرەك كۆيۋاتىدۇ.

ئەگىز - ئەگىز تاغ باشىدىن سارىلدىم تۆزگە،
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچەسىدەك ئەگىلدىم سىزگە.
يېشىمى: ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىدىن تۈۋەندىكى تۈزلەڭلىككە سىرىلدىم. سىزگە قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك ئېگىلدىم.

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچەسىدەك كۆرۈنگەن يارىم،
قىزىق تەنۇر ئاتەشىدەك كۆيۈنگەن يارىم.
يېشىمى: قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك كۆرۈنگەن كېلىشكەن يارىم، قىزىق تونۇرنىڭ ئوتىدەك كۆيۈنگەن كۆيۈمچان يارىم.

## چوڭ سەلىقە

جانا، يۈزۈڭنى كۆرگەلى كەلدىم،
شەكەر لەبىڭنى سۆيگەلى كەلدىم.
يېشىمى: ئەي جان، جامالىڭنى كۆرگىلى، شېكەر لىۋىڭگە سۆيگىلى كەلدىم.

ئەي خاجەئى ھۆسن، بەندەڭ بولايىن،
قۇلدەك ئىشىكدە تۇرغالى كەلدىم.
يېشىمى: ئەي ھۆسن - جامال، خۇجىسى ساڭا قۇل بولاي، ئىشىكتە قۇلدەك تۇراي، دەپ كەلدىم.

ئۇچرادى ناگاھ ئەھلى مۇھەببەت،
قىيمەن بەھانى ئالغالى كەلدىم.
يېشىمى: توساتتىن مۇھەببەتنى بىلىدىغان يار ئۇچراپ قالدى، ئاشىقلار ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى باھانى ئالغىلى كەلدىم.

مەشرەبكە تەگسە بىر كاسەئى دەرۋان،
بەش كۈن جەھاندا تۇرغالى كەلدىم.
يېشىمى: مەشرەبكە دەۋرنىڭ بىر قەدەھ شارابى تەگسە كۇپايە، بۇ جاھاندا بەش كۈن تۇرغىلى كەلدىم.

## كىچىك سەلىقە

## بىرىنچى ئاھاڭ

يولدا بىر مەھۋەشنى كۆردۈم ئۆزگەچە رەفتارى بار،
باشىدا گۇلگۈن جەلاسى، ئۆشىندە زۇننارى بار.
يېشىمى: يولدا شۇنداق بىر ئايجامالنى كۆردۈمكى، ئۇ بېشىغا گۈل رەڭلىك قالپاق كىيگەن، بوينىغا زۇننار ئاسقان ھالدا چىرايلىق مېڭىپ كېتىۋاتاتتى.

قەتلى ئام ئەيلەرگە چىقمىش يانىغا باغلاپ قىلىچ،
ئەڭنىگە كىيگەن غەزەبدىن چەكمەنى گۇلنارى بار.
يېشىمى: ئۇ غەزەپتىن پۈتكەن قىزىل چەكمەن كىيىپ، يېنىغا قىلىچ ئاسقىنىغا قارىغاندا، قەتلى ئام قىلغىلى چىققان ئوخشايدۇ.

دەم بەدەم ئۆرتەپ ۋۇجۇدۇم خىرمەنىن كۆل قىلغالىلى،

ھەي - ھەي، ئول قاتىلنىڭ ئىكى ئاتەشىن رۇخسارى بار.

يېشىمى: ۋاي - ۋاي، ئۇ قاتىلنىڭ ئوتلۇق ئىككى مەڭزى ۋۇجۇدۇم خامىنى دەممۇدەم ئۆرتەپ كۈل قىلىۋېتىدىغاندەك قىلىدۇ.

شوخلۇقدىن ئويناشىپ جان ئالسا ھەر دەم كۆزلەرى،

غەم ئەمەستۇر جان بەرۇردە لەئلى شەكەر بارى بار.

يېشىمى: ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى شوخلۇق قىلىپ جاننى ئالسا، نېمە غەم، جان بېرىدىغانغا شېكەر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان لەۋلىرى بارغۇ.

بۇسە ئىستەپ كۆزلەرىم سۇرسەم ئاياغىن سۇنمادى،

دەدى ئول بىرەھم كافىر ئىشۋە بىرلە: «نەرى بار».

يېشىمى: «سۆيەي، كۆزۈمگە سۈرتەي» دېسەم، ئايىغىنى سۇنۇپمۇ بەرمىدى. ئۇ رەھىمسىز قارا كۆز يار ناز قىلىپ: «نېرى بار!» دېدى.

ئەي مۇسۇلمانلار، ھەزەر ئەيلەپ قاچىڭلار ھەر تەرەف،

دىننى غارەت قىلغالى كۆپرەك بۇ گۇن ئازارى بار.

يېشىمى: ئەي مۇسۇلمانلار، ھەزەر ئەيلەپ، تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىڭلار، بۇگۇن ئۇ نازىنىن دىننى بۇلاش ئۈچۈن، جازا يۈرۈشى قىلغۇدەك.

ئۆلسە مەندەك ئاجىزۇ مەھزۇن گەدا، پەرۋاسى يوق،

بىر قولىدا جامى مەي، بىر ئىلكىدە سەتارى بار.

يېشىمى: بىر قولىدا مەي قەدىھى، يەنە بىر قولىدا ساتارى تۇرۇپتۇ، مەندەك بىچارە ھەسرەتلىك گاداي ئۆلۈپ قالسىمۇ، پەرۋا قىلمايدۇ.

## ئىككىنچى ئاھاڭ

ئەرزىمنى ئايتاي بادى سەباغا،

بىزدىن دۇئالار ئول دىلرەباغا.

يېشىمى: ئەي تاڭ شەمىلى، ساڭا ئەرزىمنى بايان قىلاي، مەندىن ئۇ دىلرەباغا سالام دېگىن.

كۆزلەرى چوپان، سەرۋى خىرامان،

زۇلفى پەرىشان، قاشى قارارغا.

يېشىمى: ئۇ كۆزلىرى چولپان، گۈزەل سەرۋى، چاچلىرى بوستان، قارا قاش يارغا تىلەك - دۇئايىمنى يەتكۈز.

ئۆچدى كۆزۈمدىن ئول پەرى ياڭلىغ،

تاشلادى كەتتى تۆرلۈك بەلاغا.

يېشىمى: ئۇ پەرى سۈپەت يار كۆزۈمدىن ئۆچۈپلا كەتتى، مېنى تۆرلۈك بالاغا تاشلاپ قويۇپ كەتتى.

دەردى فىراقىڭ ئەيلەدى بىمار،

قايدا بارايىن ئەمدى دەۋاغا.

يېشىمى: پىراقىڭنىڭ دەردى مېنى كېسەل قىلىۋەتتى، بۇنىڭغا شىپالىق ئىزدەپ ئەمدى نەگىمۇ باراي؟

ھەجرىڭدە تىنماي قىلدىم فىغانلار،

يەتتى بۇ نالەم ئەرزۇ سەماغا.

يېشىمى: ھىجران ئازابىدا تىنماي نالە قىلدىم، مېنىڭ دات - پىغانلىرىم ئاسمان - زېمىننى قاپلىدى.

قىلغىل تەرەھھۇم، ئەي يارى جانىم،

لايىق ئەمەسمەن جەبرۇ جەفاغا.

يېشىمى: ئەي جېنىم يارىم، ماڭا رەھىم قىلغىن، مۇنچىۋالا جەۋر جاپىنى مەن كۆتۈرەلمەيمەن.

يول بەرمەدىلەر ماڭا رەقىبلەر،

چىقدىم باش ئالىپ ئول كەربالارغا.

يېشىمى: رەقىبلەر ساڭا ئېرىشىشىمگە يول قويمىدى، شۇڭا ئەل - جامائەتتىن ئايرىلىپ، بېشىمنى ئېلىپلا كەربالا چۆلىگە چىقىپ كەتتىم.

دەردۇ غەم ئىچرە سارغاردى يۈزۈم،

تاپشۇرۇپ ئاخىر قادىر خۇداغا.

يېشىمى: دەرد ۋە غەم تۈپەيلىدىن چىرايىم سارغايدى، ئاخىرى (ئۆزەمنى ۋە ئىشلىرىمنى) قۇدرەتلىك خۇداغا تاپشۇرۇدۇم - ئاللاھغا تەۋەككۇل قىلدىم.

دىلخەستە مەشرەب قىلماسمۇ فەرياد،

جەللاد كۆزلەرى ئالسا ئاراغا.

يېشىمى: يارنىڭ جان ئالغۇچى كۆزلىرى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالسا، بىچارە مەشرەب پەرياد قىلماي قانداق قىلىدۇ؟

## ئۈچىنچى ئاھاڭ

نەرگىسىنىڭ جادۇسىدىن ھەر دەم يۈرەك قاندۇر ماڭا،

سۈنبۈلۈڭ سەۋداسىدىن خاتىر پەرىشاندۇر ماڭا.

يېشىمى: جادۇ كۆزلىرىڭ تۆپەيلىدىن يۈرىكىم ھەمىشە قان، سۇنبۇل چاچلىرىڭنىڭ سەۋداسىدىن كۆڭلۈم پەرىشاندۇر.

ئىشقىدىن بىر زىندەگانلىغ ئاڭلادىم، دۇشۋار ئەمىش،
ئەمدى بىر سائەت جۇدا بولماق نە ئىمكاندۇر ماڭا.
يېشىمى: ئۇنىڭ ئىشقى تۈپەيلىدىن ھاياتىمنىڭ مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدىم، ئەمدى ئۇنىڭدىن بىر سائەتمۇ ئايرىلىشىم مۇمكىن ئەمەس.

نالە قىلسام ئەردى رەھمى قىلغاي ئەردىڭ، ۋاھ، قەنى،
كىم فىراقىڭ زەئفىدىن بىر چىقماغان جاندۇر ماڭا.
يېشىمى: نالە قىلالىغان بولسام، رەھىم قىلار ئىدىڭ، ۋاھ، قېنى شۇ نالە؟ پىراقىڭدا شۇ قەدەر زەئىپلىشىپ كەتتىمكى، تېنىمدە چىقمىغان بىرلا جان قالدى.

نە قىلاي گۈلشەن تەماشاسىنى، ئەي گۈلچىھرە كىم،
باغى رىزۋان ئۇلسا سەنسىز، بەيتۇل ئەھزاندۇر ماڭا.
يېشىمى: ئەي گۈل يۈزلۈك يار، گۈلشەننى تاماشا قىلىپ نېمە قىلاي؟ سەن بولمىساڭ، جەننەت بېغىمۇ ماڭا غەم - غۇسسە ماكانىدۇر.

ئەبر ئەمەس ھەم دەم دۇرەفشان، ئەي ئايازى، كويىدا،
ھالى زارىمنى كۆرۈپ ئەفلاك گىرياندۇر ماڭا.
يېشىمى: ئەي ئايازىي، تۇتىماي ئۈنچە - مەرۋايىت تۆكۈۋاتقىنى بولۇت ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئۇنىڭ كوچىسىدا خارۇزار يۈرگەن ھالىتىنى كۆرۈپ، يىغلاۋاتقان پەلەكتۇر.

## تۆتىنچى ئاھاڭ

ئەي زۇھۇرى ئافتابىڭدىن تۆشۈب ئەئيان ئارا،
زەررە يەڭلىغ ھەر تەرەف جان ئەۋرۇلۇر تابىدان ئارا.
يېشىمى: ئەي، جامالىڭ قۇياشىنىڭ نۇرى مەۋجۇتلۇق ئالىمگە چۈشتى، جانلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا زەررىچىلەردەك چۆگىلىدى.

ئەيلەدىڭ بارى ئەمانەتكە ئەمىن ئادەمنىكىم،
بۇ جىھەتدىندۇر زۇھۇرىي كامىلىڭ ئىنسان ئارا.
يېشىمى: سەن پۈتكۈل ئامانەتنى ئىشەنچلىك ئادەمگە تاپشۇردۇڭ، شۇڭا ئىنساندا سېنىڭ مۇكەممەل قىياپىتىڭ نامايەن بولدى.

گەر تەجەللىئى جەمالىڭدىن چەمەندە بولماسا،

نە دۇر ئەفغان قىلغالى بۇلبۇلغا ھەم بوستان ئارا.

يېشىمى: ئەگەر جامالىڭنىڭ نۇرلىرى چىمەندە جىلۋە قىلمىسا، بۇبۇل نېمە دەپ بوستاندا نالە - پىغان قىلىدۇ؟

جۇملە ئەشيادۇر نىھالى ئىئتىدالىڭغا تانۇق،

كىمكى ئارىفدۇر ئاڭا بۇ راستدۇر، يالغان ئارا.

يېشىمى: پۈتكۈل شەيئىلەر سېنىڭ كېلىشكەن قامىتىڭدىن گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرۇپتۇ. كىمكى ھەقنى تونۇسا، بۇ ھەقىقەتنى ھەرقانداق ئەھۋالدا (ھەتتا يالغان نەرسىلەر ئارىسىدا قالغاندىمۇ) ھېس قىلالايدۇ.

تا سەنىڭ سەۋايى زۇلفۇڭ تۈشكەلى ھەر باشغا،

يۈز تۈمەن غەۋغا تۈشۈپدۇر جۇملە ئىنسۇ جان ئارا.

يېشىمى: ھەر بىر كاللىغا سېنىڭ چاچلىرىڭنىڭ سەۋداسى چۈشكەندىن بېرى، پۈتكۈل جانلىقلار ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا، يۈز تۈمەن خىل غوۋغا پەيدا بولدى.

ئول بەلى ھۆكمىدە بولدى جانىما يۈز مىڭ بەلا،

دەردۇ غەم مەھزۇن كۆڭۈلگە، مېھرى ئىشقىڭ جان ئارا.

يېشىمى: غەمكىن كۆڭۈلنىڭ نېسىۋىسى دەرد ۋە غېمىڭ بولدى، مېھرى مۇھەببىتىڭ جان ئىچىدىن ئورۇن ئالدى، جېنىمغا يۈز مىڭ ئاپەت بولىدىغان بۇ ئىشقا «شۇنداق، ئەلھۆكمۇلىللاھ» دېمەيمۇ بولمىدى. ياكى ئىشق ئوتۇڭ دىلىمغا ھەسرەت ۋە غەم، جېنىمغا يۈز مىڭ ئاپەت جەم قىلغان بولسىمۇ، «شۇنداق، ئەلھۆكمۇلىللاھ» دېمەي بولمىدى.

مەزھەربي، بولغىل قەنائەت كۆنجىدا، ۋىيرانە تۇت،

زاھىر ئولغاي گەنجلەر شايەد ساڭا ۋىيران ئارا.

يېشىمى: ئەي مەزھەربي، خارابىگە ماكانلاش، قانائەت بۇرجەكلىرىدىن ئورۇن ئال، بەلكىم خارابىلار ئارىسىدىن ساڭا خەزىنىلەر ئۇچراپمۇ قالار.

## بەشىنچى ئاھاڭ

ئەي سەبا، بەرگىل خەبەر، ئول شاھسەۋارىم كەلدىمۇ؟

لۇتق ئەتىپ ھالىم سورارغا ھەمدىيارىم كەلدىمۇ؟

يېشىمى: ئەي تاڭ شامىلى، خەۋەر بەرگىنە، مېنىڭ ئۇ چەۋەندازىم كەلدىمۇ، شەپقەت قىلىپ ھالىنى سوراشقا يۇرتدىشىم كەلدىمۇ؟

كەلسە يارىم ھەر زەمان غەمكىن كۆڭۈل تاپغاي ئارام،

خەستە كۆڭلۈم شاد ئەتىپ، ئول نەۋ بەھارىم كەلدىمۇ؟

يېشىمى: يارىم قاچانلار كەلسە، غەمكىن كۆڭۈل ئارام تاپاتتى. خەستە كۆڭلۈمنى خۇشال قىلىشقا شۇ باش باھارىم كەلدىمۇ؟

كەلسە ناگاھ بولغۇسى گويا ماڭا فەسلى بەھار،
ئاچىلىپ چۇن لالە ئەھمەر گۈلئۇزارىم كەلدىمۇ؟
يېشىمى: ئۇ كەلگەن ھامان، گويا ماڭا باھار پەسلى يېتىپ كەلگەندەك بولىدۇ؛ گۈل يۈزلۈك يارىم قىزىل لالىدەك ئېچىلىپ كەلدىمۇ؟

فۇرقەتىدە ئۆرتەنىپ، جىسمىم زەئىف ئولدى، نەتەي،
بولغۇسىدۇر دەردىمە دەرمان، يارىم كەلدىمۇ؟
يېشىمى: قانداق قىلارمەن، ئۇنىڭ پىراقىدا كۆيۈپ، جىسمىم زەئىپلىشىپ كەتتى؛ بۇ دەردىمگە دەرمان بولىدىغان (كېسىلىمگە شىپا بولىدىغان) يارىم كەلدىمۇ؟

ۋاسىل ئولسام ھەر زەمان شىرىن لەبىدىن نۇش ئەتىپ،
كامى دىل ھاسىل ئەتىبان زورگارىم كەلدىمۇ؟
يېشىمى: ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتكەن زامان، شېرىن لەۋلىرىدىن شوراپ سۆيسەم دەيمەن، مۇرادىمنى ھاسىل قىلىپ، ئۇ دەۋر - زامانىم كەلدىمۇ؟

كەيف قىلدىكىم مەنى ئىشقۇ مۇھەببەت بادەسى،
تۇتىئى شىرىن زەبان، كۆزى خۇمارىم كەلدىمۇ.
يېشىمى: ئىشق - مۇھەببەت شارابى مېنى مەست قىلدى، شاھ تۇتىدەك شېرىن سۆزلۈكۈم، خۇمار كۆزلۈكۈم كەلدىمۇ؟

## كىچىك سەلىقە چۇشۇرگىسى

سىدق بىرلە جۇستىجۇ قىل يارنى، ئەي نەۋبەتىي،
قالمادى سەبرۇ تەھەممۇل، ئول نىگارىم كەلدىمۇ؟
يېشىمى: «ئەي نەۋبەتىي، يارنى چىن دىلىڭ بىلەن ئىزدە» دەيدۇ. بىراق، سەۋر - تاقەت قالمىدى، قاراپ بېقىڭلار، ئۇ گۈزىلىم كېلىپ قالدىمۇ - يا؟

## پېشرەۋ

بولدى يۈزۈڭدىن ئەلەم مۇنەۋۋەر،
قەنى سەنىڭتەك روھى مۇسەۋۋەر.
يېشىمى: يۈزۈڭنىڭ نۇرىدىن ئالەم يورىدى، سېنىڭدەك مەنىۋىيىتى گۈزەل يەنە تېپىلارمۇ!

سەۋدى بۇ جانىم كۆز بىرلە ئاغزىڭ،
ئانداغكى تۇتى بادامۇ شەكەر.
يېشىمى: خۇددى شاتۇتى بادام بىلەن شېكەرنى ياخشى كۆرگەندەك، مېنىڭ بۇ جېنىم كۆزۈڭ بىلەن ئاغزىڭنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.

زۇلفۇڭ بىلە يۈز كەچەيۈگۈندۈز،
لەئلىڭ بىلە سۆز قەندى مۇكەررەر.
يېشىمى: چېچىڭ كېچىگە، يۈزۈڭ كۈنگە ئوخشايدۇ؛ لېۋىڭ بىلەن سۆزلىرىڭ بەئەينى قەنتكە ئوخشايدۇ.

مەن تەشنەلەرگە لەئلىڭ شەرابىن،
بەرگىل، سورايىم چۈن ئابى كەۋسەر.
يېشىمى: خۇددى كەۋسەر سۈيىنى تەلەپ قىلغاندەك، مەن تەشناغا لېۋىڭ شارابىنى بېرىشىڭنى تىلەيمەن.

گەر شانە قىلساڭ زۇلفۇڭ خەيالىن،
مۇشك ئىلە بولغاي ئالەم مۇئەتتەر.
يېشىمى: ئەگەر چاچلىرىڭنى تارىغىدەك بولساڭ، دۇنيا ئىپار بىلەن ئەتىر پۇرىقىغا تولۇپ كېتىدۇ.

ئاتساڭ كەبۇتەر تەنىنە ئوقنى،
ئاتقاي مۇئەللەق ئول دەم كەبۇتەر.
يېشىمى: كىرپىك ئوقۇڭنى كەپتەرگە ئاتساڭ، كەپتەر شۇئان مۇللاق ئېتىپ چۈشىدۇ.

## پىشرەۋ چۇشۇرگىسى

نە تۇرفە هافىز كۆيسە ھەمىشە،
ئوت ئەرۇر ئاهى، سىينە چۇ مىژمەر.
يېشىمى: ئاجايىپكى، هافىزنىڭ ئاهى ئوت، كۆكسى ئىسقدان، ئۇ ھەمىشە كۆيۈپ تۇرىدۇ.

## تەئكىد

شەهسەۋارىم ھەر قاچان جەۋلان قىلۇر،
مەهۋ ئولۇپ بىلمان ئۆزۈمنى، ھەق بىلۇر.

يېشىمى: چەۋەندازلارنىڭ شاھى ھەرقاچان جەۋلان قىلىپ چىققىنىدا، ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويىمەن، قالغىنىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

ئاڭا ھەر كۆزكىم تۆشەر، كىرفىكلەرى،
خەستە كۆڭلۈمگە تېكەندەك سانچىلۇر.

يېشىمى: ئۇنىڭ ھەر قېتىم كۆز تاشلىغىنىمدا، كىرپىكلىرى جاراھەتلىك يۈرىكىمگە تىكەندەك سانچىلىدۇ.

ئاچىلۇر كۆڭلۈم سەمەندى سەيرىدىن،
غۇنچە يەڭلىغكىم سەبادىن ئاچىلۇر.

يېشىمى: تاڭ شامىلى بىلەن غۇنچە ئېچىلغاندەك، ئۇ سەيلىگە ئات سېلىپ چىقسا، كۆڭلۈم ئېچىلىپ كېتىدۇ.

ئايرىلۇر گويا قۇياشدىن بىر شىھاب،
ئاتى نەئلىدىن ھەر ئوتكىم ئايرىلۇر.

يېشىمى: ئېتىنىڭ تاقىسىدىن چىققان ئۇچقۇنلار گوياكى قۇياشتىن ئايرىلغان يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ.

ئاھ تارتاردا مەگەر جان پىچ ئۇرار،
ئوى ئاتاردا ھەر قاچىنكىم قايرىلۇر.

يېشىمى: ئوقيا ئوقىنى ئاتقاندا پۈكلىنىپ كەتكەندەك، ھەر ئاھ تارتقىنىمدا جېنىم پۈچىلىنىدۇ.

تەۋسەنى گەردۇننى مەركەب قىلماكىم،
يەر بىلەن راكىبنى ئاخىر تەڭ قىلۇر.

يېشىمى: پەلەكنى ئات قىلىپ مىنمە، چۈنكى ئۇ ئاخىرى مىنگۈچىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ. يەنى پەلەك توسۇن ئېتىنى مىنىۋالغىنىڭ بىلەنمۇ ئاخىر يەر بىلەن يەكسان (تەڭ) بولىسەن.

تىز ئەتەر تىغىڭ نەۋائىي ئىشقىنى،
گەرچە ئوت ئۆچەر، ئەگەر سۇ ساچىلۇر.

يېشىمى: گەرچە ئادەتتە سۇ چېچىلسا ئوت ئۆچىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئەمما سېنىڭ تىغىڭ نەۋائىينىڭ ئىشقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

## داستان

## بىرىنچى داستان

قايسى گۈلشەنىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەئناسى بار،
قايسى گۈلنىڭ بىر مەنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.
يېشىمى: قايسى گۈلشەنىڭ يۈزۈڭدەك چىرايلىق گۈلى بار، قايسى گۈلنىڭ مېنىڭدەك ئاشىق بۇلبۇلى بار.

ھۆر بىرلە جەننەتۇل مەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن،
يارنىڭ كويىدا يۈز مىڭ جەننەتۇل مەئۋاسى بار.
يېشىمى: كۆڭلۈم ھۆر بىلەن جەننەت سارىيىنى تىلەپ نىمە قىلسۇن؟ يارنىڭ كوچىسىدا يۈزمىڭلىغان جەننەت قەسرى بار.

لەئلىدىن خەتتى بۇدۇر ھەر دەم تىرىكلىككە نىشان،
خۇش نىشانىدۇركى ئىكى قاشىدىن تۇغراسى بار.
يېشىمى: ياقۇت لەۋلىرى ئۈستىدىكى مىيىقلىرى ھاياتلىق بەلگىسىدۇر. ئۇ شۇنداق ئېسىل بىر بەلگەدۇركى، ئۈستىگە ئىككى قېشى بىلەن زىننەت بېرىلگەن.

بىر سۇچۇك سۆز بىرلە ئۆلگەن جىسمىمە بەردىڭ ھەيات،
لەئلى جانبەخشىڭدە گوياكىم مەسىھ ئەنفاسى بار.
يېشىمى: ئۆلگەن جىسمىمغا بىرلا شېرىن سۆز بىلەن ھاياتلىق بەردىڭ؛ جان بەخش ئەتكۈچى ياقۇت لېۋىڭدە ئىيسانىڭ ھېكمەتلىك نەپەسلىرى بار.

يۈزى ئۈزرە كالۇلۇ زۇلفىن پەرىشان كۆرگەلى،
ئەي سەئىد، ئاشۇفتە كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار.
يېشىمى: ئەي سەئىد، ئۇنىڭ گۈزەل كوكۇلا چاچلىرىنى كۆتگەندىن بېرى، پەرىشان كۆڭلۈمنىڭ سەۋداسى ئاجايىپ ئۆرلەيدىغان بولۇپ قالدى.

## ئىككىنچى داستان

ئەي سەنىڭ جادۇ كۆزۈڭ سەر فىتنەئى ئاخىر زەمان،
لەبلەرىڭدۇر خەستە كۆڭلۈمگە ھەياتى جاۋىدان.
يېشىمى: ئەي، سېنىڭ جادۇ كۆزۈڭ ئاخىر زامان پىتنىلىرىنىڭ مەنبەسى، لەۋلىرىڭ بىمار كۆڭلۈمنىڭ ھاياتلىق بۇلىقى.

ئەي قۇياش يۈزلۈك سەنە، ھالىم كۆرۈپ رەھم ئەيلەكىم،
يەتتى كۆككە ھەر نەفەس ھەجرىڭدە فەريادۇ فىغان.

يېشىمى: جۇدالىقىڭ تۈپەيلىدىن ھەر نەپەستە چەككەن پەرياد - پىغانلىرىم كۆككە يەتتى؛ ئەي قۇياش يۈزلۈك گۈزەل، مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ، رەھىم قىلغىن.

ئەل ئاراسىدا نەچە سىررىمنى پىنھان ساقلادىم،
بۇ سارىغ يۈز ئاشكارا ئەيلەدى سىررى نىھان.

يېشىمى: ئەل ئىچىدە سىرىمنى قانچە يوشۇرۇپ باققان بولساممۇ، سارغايغان بۇ چرايىم يوشۇرۇن سىرىمنى ئاشكارىلىۋەتتى.

گەر خەيالىڭ بولسا مېھمان كۆڭلۈم ئۆيۈندە دەمى،
ئەيلەگەي يۈز سارى ھەر دەم كۆزلەرىم گەۋھەر فىشان.

يېشىمى: ئەگەر خىيالىڭ كۆڭلۈم ئۆيىدە بىر دەم مېھمان بولسىلا، كۆزلىرىم يۈزۈم ئۈستىگە توختاۋسىز گۆھەر چاچىدۇ.

دەدىم: «ئەي جان، دەردىمە ۋەسلىڭ بىلەن بىر چارە قىل»،
كۈلۈپ ئايتۇر: «ئەي ھۇسەينىي، تۈتما مەندى بۇ گۇمان».

يېشىمى: «ئەي جىنىم، ۋىسالىڭ بىلەن دەردىمگە بىر يەتسەڭچۇ» دېسەم، ئۇ كۈلۈپ: «ئەي ھۇسەينىي، ماندى مۇنداق ئۈمىدنى كۈتمە» دەيدۇ.

## ئۈچىنچى داستان

نازلىق دىلبەر، بىر سۆزۈم بار ئايتايىن،
چەرخى فەلەك، كۆر، نە جەفا ئەيلەدى.
بىراۋگە كىيگۈزۈپ تاجى خۇسرەۋىن،
بىراۋنى ئەل ئىچرە گەدا ئەيلەدى.

يېشىمى: نازلىق دىلبەر، بىر گېپىم بار ئېيتاي. قارىغىنا، پەلەكنىڭ چاقى قانداق جاپا سالدى - ھە: بىراۋغا بۈيۈك پادىشاھلىق تاجىنى كىيدۈرسە، بىراۋنى ئەل ئىچىدە گاداي قىلدى.

فەرھادو شىرىن بىلەن ۋامىقۇ ئۇزرا،
ئۇلارنىڭ باشىدا مىڭ تۈرلى سەۋدا.
بارچەنى ئۆلتۈرگەن ۋەفاسىز دۇنيا،
ئاخىرى بارچەنى فەنا ئەيلەدى.

يېشىمى: پەرھات - شىرىن، ۋامىق - ئۇزرالارنىڭ بېشىدا مىڭ تۈرلۈك خاپىلىق بار؛ ھەممىنى ئۆلتۈرگەن ۋاپاسىز دۇنيا، ئاخىر ئۇ ھەممىنى گۇمران قىلدى.

ھەزرەتى داۋۇدنىڭ ئوغلى سۇلايمان،
بىلقىشنىڭ ھەجرىندە يىغلادى چەندان.

يەئقۇب ئوغلى ئۇچۇن دىيدەسى گىريان،

يۇسۇفى كەنئاندىن جۇدا ئەيلەدى.

يېشىمى: ھەزرىتى داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايمان بىلقىسنىڭ جۇدالىقىدا كۆپ يىغلىدى؛ ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئوغلى كەنئانلىق يۈسۈپتىن جۇدا بولغىنىدا، كۆز يېشى قىلدى.

لەيلايۇ مەجنۇن دەرلەر، ئالەمگە ئۇستاد،

جەھاننىڭ غەمىدىن بولمادى ئازاد.

نازلىق دىلبەر، ئىشىت، بۇ چەرخى ناشاد،

بۇ غەرىب جانىمغا جەفا ئەيلەدى.

يېشىمى: «لەيلى - مەجنۇن» ئېيتىدۇ: ئەلەمگە ئۇستاز بولغانلارمۇ جاھاننىڭ غېمىدىن خالاس تاپمىغان؛ نازلىق دىلبەر، قۇلاق سال، بۇ خاپىغان پەلەك غېرىپ جېنىمغا جاپا سالدى.

# تۆتىنچى داستان

ئىزدەدىم كۆڭلۈمنى جانان گۈلشەنىدە جان بىلە،

نەچە ئاختارسام كەتىپتۇر بۇ كۆڭلۈ جانان بىلە.

يېشىمى: كۆڭلۈمنى جانانىڭ گۈلشىنىدە جان - جەھلىم بىلەن ئىزدىدىم، قانچە ئاختۇرسامۇ تېپىلمىدى، بۇ كۆڭۈل جانان بىلەن كېتىپ قاپتۇ.

ئاھ، نەيلەي، جان بىلە قالدى بەدەن، كەتتى كۆڭۈل،

كىم قالىپدۇر بۇ جەھاندا مەن كەبى ئارمەن بىلە.

يېشىمى: ئاھ، قانداق قىلاي، جان بىلەن تەن قالدى - يۇ، كۆڭۈل كەتتى. بۇ جاھاندا مەندەك ئارمىندا قالغان كىم بار؟

خەنجەرى ھىجران ۋۇجۇدۇمنى قىلىپدۇر زەخمناك،

كۆز يولىدىن جارى ئەيلەپ قاننى يۈپمەن جان بىلە.

يېشىمى: ھىجران خەنجىرى ۋۇجۇدۇمنى يارىدار قىلغاچقا، كۆزلىرىمدىن قانلىق ياشلىرىمنى ئېقىتىپ، قاننى قان بىلەن يۇيۇۋاتىمەن.

ئىشق ۋادىسىدا پۇيە ئەيلەدىم چۇ گەردى باد،

رەشكىدىن ھەردەم ئۆچەشتىم چەرخى سەرگەردان بىلە.

يېشىمى: ئىشق ۋادىسىدا خۇددى قۇيۇندەك چۆرگىلەپ يۈردەم؛ كۈندەشلىكتىن بېشى ئايلانغان پەلەك بىلەن دائىم ئېلىشتىم.

تىيرى بارانى مەلامەتكە ھەدەف بولدى باشىم،

باشنى باشقىرماق بەسى مۇشكىلكى بۇ باران بىلە.

يېشىمى: بېشىم مالامەتنىڭ ئوق يامغۇرىغا نىشان بولدى. بۇ يامغۇردا باشنى باشقۇرۇش ناھايىتى قىيىن.

غەرق ئەتىپدۇر پەيكەرىمنى، ئاھكىم، گىردابى غەم،
كىم سەلامەت قالغۇسى ئالەمدە بۇ تۇفان بىلە.
يېشىمى: ئاھ، غەمنىڭ قاينىمى ۋۇجۇدۇمنى غەرق قىلدى، بۇ توپان بالاسى بىلەن جاھاندا كىممۇ ساق قالار؟

زۇلق قۇللابىغا بۇ جانۇ كۆڭۈل بولدى ئەسىر،
تەلبە قۇشتەك تەلپىنۇر ھەر دەم نەۋا ئەفغان بىلە.
يېشىمى: يۈرىكىم بىلەن جېنىم چېچىنىڭ قىسقۇچىغا ئىلىنىپ قالدى. شۇڭا جېنىم ھەمىشە مۇڭلۇق نالە قىلىدۇ، يۈرىكىم تەلۋە قۇشتەك تەلپۈنىدۇ.

زار مەجنۇنغا ۋىسالى بولسا مۇمكىن، نە ئەجەب،
مەرھەبا قىلسا نىگارى لۇتق ئىلە، ئېھسان بىلە.
يېشىمى: مەندەك زار مەجنۇنغا يار ۋەسلىگە ئېرىشىش مۇمكىن بولۇپ قالسا ۋە نىگارى «خۇش كېلىپسەن» دەپ، رەھىم - شەپقەت بىلەن قارشى ئالسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

## بەشىنچى داستان

مۇغەننى چەك مەقامى «راك»نى بەزم ئىچرە مەستانە،
ساچىپ ئەربابى مەئنا لەفزىدىن مەجلىسغە دۇردانە.
يېشىمى: ئەي سازەندە، بەزمىدە دانالار سۆزىدىن ئۈنچىلەرنى چېچىپ «راك» مۇقامىنى زوق - شوق بىلەن ياڭرات.

سەنى ياد ئەيلەبان مۇڭلۇغ كۆڭۈللەر ئەسرۇ مەھزۇندۇر،
كى سەن ھەم ياد ئەتىپ تۈز « چەببەياد»ىڭ، بولما بىگانە.
يېشىمى: سېنى ياد ئېتىپ مۇڭلۇق كۆڭۈللەر ناھايىتى غەمكىن بولدى؛ سەنمۇ سازىڭنى «چەببەياد» مۇقامىغا تۈز، ئۇنداق ياتلىشىپ كەتمە.

چىقىپ قايا نەفەس چىقماقغا بائىس بىلمەسەڭ نەدۇر،
تەرەننۇم قىل «سەگاھ» ئاھەنگى بىرلە نەغمە رىندانە.
يېشىمى: نەپەس ئېلىشتىن مەقسەت نېمە؟ بۇنى بىلمىسەڭ، «سەگاھ» مۇقامى ئاھاڭى بىلەن نەغمە قىلىپ، مەردانىلىق بىلەن كۈيلە.

كۆڭۈل چۈن مۇزتەرىبدۇر، تۆرت مەزھەبدىن نەدۇر مەقسەد،

ئىشتىكىل «چەھارگاھ»نى فەھم قىلغىل سىررى مەيخانە.

يېشىمى: «تۆت مەزھەپتىن مەقسەت نېمە بولغىيدى؟» دەپ كۆڭۈل ئىزتىراپلىققا چۈمۈلگەندە، «چەھارگاھ» (تۆت ئاھاڭ؛ تۆت زامان؛ تۆت مەيدان) مۇقامىنى ئاڭلاپ، مەيخانا سىرلىرىنى چۈشەنگىن.

كۆڭۈل مۈلكىنى شاھەنشاھى ئىشقىڭ چۈن مەقام ئەتتى،

ئاچىپ يۈز پەنجگاھ نەققارەسىن ئۇرغىلكى قەرزانە.

يېشىمى: كۆڭۈل مەملىكىتىگە ئىشقىڭ خاقانى ئورۇنلاشتى. ئەمدى پەيزىڭ بىلەن، «پەنجگاھ» ناغرىسىنى دانالارچە سالغىن.

ئەرۇر ئىشق ئەھلى كۆپ مەھزۇن باقىپ پەرگارى لەئىلىڭغە،

چەكىپ «ئوششاق» ناخۇن بىرلە قىلغىل راست دىۋانە.

يېشىمى: ئاشىقلار چىرايلىق لېۋىڭنى كۆرگەندىن بۇيان، ناھايىتى قايغۇلۇق. ناخۇنۇڭ بىلەن «ئۇششاق» مۇقامىنى چېكىپ، ئۇلارنى راسا سەۋدايى قىلغۇەت.

زىلەيخايى جۇنۇن لەشكەر چەكىپ ئەيلەر سەياسەت كۆپ،

«باياد» ئاھەنگىدىن تاشلارمۇسەن كۆڭلۈمنى زىندانە.

يېشىمى: جۇنۇن زىلەيخاسى لەشكەر تارتىپ، ماڭا كۆپ ھەيۋە - قەھر قىلىدۇ؛ ئەمدى سەن «بايات» مۇقامىنىڭ مۇڭ - زارى بىلەن كۆڭلۈمنى زىندانغا تاشلىماقچىمۇ؟

بۇ بەزم ئەھلىگە غەفلەت لەشكەرى يەغما تەرەننۇمدۇر،

كەرەك «نەشئاۋەرەك» تىغى بىلە جەۋلانى مەردانە.

يېشىمى: بۇ بەزمىدىكىلەرگە غەپلەت لەشكىرى ھۇجۇم قىلسا، «نەشئاۋەرەك» (مۇشاۋەرەك) تىغىنى كۆتىرىپ، مەردانە جەۋلان قىلىش كېرەك.

تەكەللۇم ئىستەبان شىرىن لەبىڭدىن بىنەۋا بولغاچ،

كۆيەرمىز بىر «نەۋا» ئۇمىدىدە بىز جەمئىي پەرۋانە.

يېشىمى: شىرىن لېۋىڭدىن بىرەر جۈملە ئاڭلاش ئۈمىدىدە بىچارە بولۇپ قالغان ۋاقتىمىزدا، ھەممىمىز پەرۋانە بولۇپ، بىر «ناۋا» ئارزۇسىدا كۆيىمىز.

دەسۇن كۆڭلۈم مەقامى ئەجز ئارا «ئۆزھال»نى، ناقىس،

«ئەجەم» بىرلە «ئىراق» ئەھلى بۇ سىرنى بىلمەسۇن يانە.

يېشىمى: ناقىسنىڭ دىلى ئاجىزلىق ئورنىدا تۇرۇپ، «ئۆزھال»نى ئېيتسۇن، لېكىن، «ئەجەم» بىلەن «ئىراق» ئەھلى بۇ سىرنى بىلىپ قالمىسۇن.

## مەشرەب

# بىرىنچى مەشرەب

گويىاكى كۆڭۈل سەرھەدى باغى ئەلەمىمدۇر،

ئاشىقمەنۇ دۇنيانى سۇ ئالسا نە غەمىمدۇر.

يېشىمى: دىلىم گويىاكى دەر - ئەلەمنىڭ بېغىمدۇر. مەن بىر ئاشىق، دۇنيانى سۇ باسقىنىدىن پەرۋايىم پەلەك.

بەرقىلىكى فەلەككە چەكەدۇر شۇئلەئى ئاھىم،

فەريادى قىيامەتدە نىشانى ئەلەمىمدۇر.

يېشىمى: پەلەكتە چېقىۋاتقان چاقچاق ئاھىمنىڭ يالقۇنىدۇر. ئۇ قىيامەت كۈنى بۇ دۇنيادا تارتقان دەرد - ئەلەملىرىمنىڭ بەلگىسى بولىدۇ.

يول باشلاغۇچى، كەئبە تەۋافىغا ھاجەت،

ھەر خارۇ خەسى دەشتى سەۋدادى ھەرەمىمدۇر.

يېشىمى: كەبە تاۋىپىغا ۋە يول باشلىغۇچىغا ئېھتىياجىم يوق، باياۋاندىكى ھەر بىر تىكەن ۋە خەس - خەشەكلەر مېنىڭ ھەرىمىدىن نىشاندۇر.

زىرۇ زەربەرى خالۇ خەتتىڭ بىرلە مۇزەييەن،

رۇخسارۇ قاشىڭ سۇرەتى لەۋھى قەلەمىمدۇر.

يېشىمى: ئاستى خال، ئۈستى مىيىقلىرىنىڭ بىلەن زىننەتلەنگەن جامالىڭ ۋە قېشىڭ مېنىڭ «لەۋھى قەلەم»ىمنىڭ سۈرىتىدۇر.

زۇننارىنى بوينۇمغا سالىپ قىلدى بەرەھمەن،

ئەي تەلەب ۋەلىلىي، نە ئاجايىپ سەنەمىمدۇر.

يېشىمى: ئەي تەلۋە زەلىلىي، ئۇ شۇ قەدەر ئاجايىپ سەنەم (بۇت)كى، زۇننارىنى بوينۇمغا سېلىپ، مېنى بەرەھمەن (بۇتپەرەس) قىلىۋەتتى.

ساﻗﺎ يۈز شۈكرى، يا رەب، بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،

فەقىر، مىسكىنغە ئول ئابدۇرەشىد بانى پەناھ قىلدىڭ.

يېشىمى: ئەي پەرۋەردىگار، ساڭا يۈز قېتىم شۈكرى، بىزگە ئادىل پادىشاھ بەردىڭ، ئابدۇررەشىدخاننى بىز پەقىر - مىسكىنلەرگە باشپاناھ قىلدىڭ.

نەفسىي، كەچە گۈندۈز شۈكرى قىل تەڭرى تەقەددۇسغا،

كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا، قاتىغ گۇناھ قىلدىڭ.

يېشىمى: ئەي نەفسىي، مۇقەددەس تەڭرىگە كېچە - كۈندۈز تەشەككۇر ئېيت، شاھىڭ ھەققىدە دۇئا قىلمىساڭ، قاتتىق گۇناھ قىلغان بولىسەن.

ھەق يولىدا جان كەچىپ بىر جۇستجۇيى قىلمادىم،
تەۋبە سۈيىدىن تەنىمنى شۇستىشۇيى قىلمادىم.
يېشىمى: ھەق يولىدا جان تىكىپ ئىزدىنەلمىدىم، تەۋبە سۈيى بىلەن تېنىمنى يۇيۇپ پاكلىيالمىدىم.

ۋاھ، نەچۈك مەقبۇل بولغاي بۇ نەمازىمكىم مەنىڭ،
چۈنكى خۇنامى جىگەر بىرلە ۋۇزۇيى قىلمادىم.
يېشىمى: ئاھ، بۇ نامىزىم قانداقمۇ قوبۇل بولسۇن، چۈنكى سۇ ئورنىدا جىگەر قېنىم بىلەن تاھارەت ئالالمىدىم.

ئۆتدى ئۆمرۈم دۇنيانىڭ مەسلەھەتىدىن، ۋادەرىغ!
ئاخىرەت ئەسبابىدىن بىر تار مۇيى قىلمادىم.
يېشىمى: ۋاي ئېست، ئۆمرۈم بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى بىلەنلا ئۆتۈپ كەتتى، ئاخىرەت ئۈچۈن، قىلچىلىكمۇ تەييارلىق قىلالمىدىم.

كەچەلەر خەسە كۆڭۈل غەمكىن ئۆلۈم قورقۇنچىدىن،
كۆز ياشىم بىرلە يۈزۈمگە ئابرويى قىلمادىم.
يېشىمى: جاراھەتلەنگەن كۆڭلۈم كېچىلىرى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن غەمگە چۆمۈش بىلەن ئۆتتى، كۆز ياشلىرىم بىلەن ئىبادەت قىلىپ، يۈزۈمنى يورۇق (ئۆزەمنى ئابرويلۇق) قىلالمىدىم.

ئەي رەشىدىي، سەن ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاشىق دەمە،
ئىشقىنىڭ مەيدانىدا بىر ھايى - ھۇيى قىلمادىم.
يېشىمى: ئەي رەشىدىي، سەن ئۆزۈڭنى ھېچ نېمىدىن ھېچ نېمە يوقلا ئاشىق دەۋالما، چۈنكى ئىشق مەيدانىدا بىرەر قېتىم «ھاي - ھۇي» دېگۈدەك ئىش قىلىپ باقمىدىڭ.

## ئىككىنچى مەشرەب

يانە ياز بولدىيۇ تاپتى بوستان نەشۇۋ نەما،
ئەي نەسىمى روھپەرۋەر، خەيرى مەقدەم، بەرھەبا.
يېشىمى: يەنە ياز كەلدى، بوستاندا ھاياتلىق ئويغاندى؛ ئەي جان بېغىشلىغۇچى باھار شامىلى، قۇتلۇق قەدىمىڭگە مەرھابا.

ئەمدى خۇشتۇر ماھپەيكەلەر بىلە گۆلگەشتكىم،
باغى رىزۋانتەك چەمەن بولدى لەتىفۇ جانفىزا.

يېشمى: بۇ ئاي يۈزلۈكلەر بىلەن گۈل سەيلى قىلىدىغان ئېسىل پەيت؛ چىمەنلەر جەننەتتەك گۈزەل، ھاياتبەخشلىك پەيزىگە چۆمدى.

ئۇشمۇنىڭتەك فەسلدە مەن ۋەسلى دىلبەردىن يىراق،
ئەسرۇ زۇلم ئولغاي، ئىلاھا، تۇتماسۇن تەڭرى رەۋا.

يېشمى: مۇشۇنداق پەسىلدە مەن دىلبەرنىڭ ۋىسالىدىن يىراققا قالدىم. ئەي، ئاللاھ، مۇنچىۋالا قاتتىق زۇلۇمنى ماڭا راۋا كۆرمە.

گەرچە بار ئەردى بۇرۇن ئەندەك غۇبارى خاتىرىم،
شۈكر لىللاھكىم، مۇيەسسەر بولدى ئەنۋائى سەفا.

يېشمى: بۇرۇن گەرچە دىلىمدا ئاز - پاز غۇبار بولسىمۇ، ئاللاھقا شۈركۈركى، شۇ ئاندا مەن پۈتۈنلەي پاكلىققا مۇيەسسەر بولدۇم.

خاھ ئۆلتۈر، خاھ تىرگۈز، ئىختىيار ئىلكىڭدەدۈر،
ئول سەنىڭ نازۇ ئىتابىڭغا مەنىڭ جانىم فىدا.

يېشمى: سېنىڭ ناز - كەرەشمەڭ ۋە قەھر - غەزىپىڭگە جېنىم پىدا بولسۇن، مەيلى ئۆلتۈر ياكى تىرىلدۈر ئىختىيار ئۆزەڭدە.

5- مۇقام پەنجگاھ مۇقامى تېكىستلىرى چوڭ نەغمە قىسمى 216 مىسرا، بەش داستان 92 مىسرا ۋە ئىككى مەشرەب 34 مىسرا بولۇپ، جەمئىي 342 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان.